**ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى - پاكىت گۇۋاھچىنىڭ باياناتى**

**030-- ئامانىنسا ئابدۇللا**

1. مېنىڭ ئىسمىم ئامانىنسا ئابدۇللا، مەن 2011-يىلى جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. 2012-يىلى 3-مارت يولدىشىم بىلەن توي قىلغان. بىز توي قىلغاندىن كېيىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە تەۋە دۇبەيگە كەلدۇق. بىر يىلدىن كېيىن، بىزنىڭ ئوماق، يېقىشلىق بالىمىز بولدى. يولدىشىم ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە بىر ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىدە ئىشلىگەن. بىز 2012-يىلدىن 2018-يىلغىچە دۇبەيدە 6 يىل تۇردۇق.

2. 2018-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئۇ دۇبەي ساقچىخانىسىغا ھۆججەت ئالغىلى كەتكەن، چۈنكى ئاكىسى ئۇنىڭدىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە جىنايى خاتىرىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان بىر ھۆججەتنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ساقچىخانىغا كەتتى. شۇ كۈندىن بېرى ئۇ ھازىرغىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. مېنىڭ ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇرۇم يوق. دۇبەي ساقچىلىرى ئۇنىڭ جۇڭگودا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قولغا ئالغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانتى. بىز 2018-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، يەنى 5 كۈندىن كېيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلغان سوتقا قاتناشتۇق. سوتتا سوتچىلار جۇڭگونىڭ ئۇنىڭ جۇڭگودا جىنايى خاتىرىسى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىسپات ئەۋەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا، ساقچىلار ئېرىمنى قويۇپ بېرىشى كېرەكتى. مەن سوتنىڭ قارارىنى ئېلىپ دۇبەي ساقچىخانىسىغا باردىم ۋە يولدىشىمنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدۇم. ئەمما بەختكە قارشى يولدىشىم ئۇ يەردە يوقكەن. ئۇلار يولدىشىمنى ئەبۇزەبىدىكى باشقا بىر ساقچىخانىغا يۆتكەپ كېتىپتۇ.

3. مەن ئەبۇزەبىگە بېرىپ ساقچىلارغا سوتنىڭ قارارىنى كۆرسىتىپ يولدىشىمنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار ھەتتا سوت ھۆكۈمىگىمۇ قارىمىدى. ئۇلار، «بىز ئۇنى جۇڭگوغا قايتۇرۇۋېتىمىز. ئەگەر يەنە كېلىپ بىزنى ئاۋارە قىلماقچى بولساڭ، بىز سېنىمۇ جۇڭگوغا قايتۇرىمىز»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىم ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. ئۇلار ماڭا تەھدىت سالدى. ئوغلۇمنىڭ پاسپورتى ئىككى ئايدىن كېيىن توشاتتى. ئۇ ۋاقىتتا مەن توققۇز ئايلىق ھامىلدار ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلدىم. مەن ئويلايتىمكى، يولدىشىم يەنىلا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە، ئۇلار يولدىشىمنى پات يېقىندا قويۇپ بېرىدۇ، چۈنكى دۇبەي ۋە جۇڭگودىن ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. ئەمما سۈكۈت داۋاملاشتى ۋە ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئالاقەممۇ ئۈزۈلدى.

4. مەن يولدىشىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ كەلدىم. ئەمما بىر يېرىم يىل بولغاندا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان مۇشۇ بىر يېرىم يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق سوت ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ جىنايىتى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇلار يولدىشىمنى قىينىماقتا. مەن يولدىشىمدىن ھەقىقەتەن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئۇنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. شۇڭا، مەن ئېرىم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا:

ۋاقىت: